1913:9

# جیرینکلامایدورغان طلّا

کاشغر شهریدە باسیلدی

# جیرینکلامایدورغان طلّا

بر وقتدا الجزیره دیکان ولایتدا پادشاه الوانک سالیب هر
کشیدین بر مقدار پُل الماقچی بولوب آق کاغزغه پتولکان خطلار
چیقاردی. خلق پُلنی وقتیدا برماکان اوچون جریمانه‌سینی اوّلقی
پُلغه قوشوب جیقراق قیلیب ایکنجی مرتبه‌ده کوک کاغزغه پتولکان
خطلار چیقاردی. مونینک بیلان هم پات توکاتماکان اوچون اوچونچی
مرتبه هر کشی درحال برماسه زندانغه سالینور دیب قزل کاغزغه
پتولکان خطلار چیقاردی.

اول زماندا بر شهرکا یقین کچیککنه بر اویده اولتوروغلوق
عبداللّه دیکان بر کشی بار ایدی. اول اوتیاش تریب چیقغان حصولینی
بازارغه الیب باریب ساتیب شونینک بیلان تیریکچیلیک قیلور ایدی.
بیچاره عبداللّه‌نینک ایکی اوغلی یاش وقتیدا وفات بولغان و اوزی
قریغان اوچون اوتیاش تریماق مشکل ایدی. تاپیشی بولماغاندین
کین اوز قرضینی برماک هم مشکل ایدی و آلوانکدیک آرتوق چیقیم
لارنی برماک نهایت زیاده اغیر ایش ایدی. بر کونی بک عبداللّه‌غه
آق کاغزغه پتولکان بر خط بردی اول خطده اوچ یریم طلّا
برسون دیب پتولکان ایدی. انی الیب اوقوب کوروب براوورغان وقتی
اوزون ایکان اوتیاش یخشی بولسه ساتیب برورمن دیب خیال
قیلیب هیچ انسراماي خطنی بر یرده قویدی. امّا بو یل بیچاره
اقبالی قاچقان عبداللّه‌نینک بختیکا یاراشا یاغین آز بولدی انینک
اوچون اوتیاشلار اوخشامادی. انینک اوستیکا غضب الهی‌نینک نمو
نه‌سی بولغان چکتکولار قرا بولوتدیک کون‌نینک نورینی توسوب

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

کلیب اوتیاشلارنی یب خراب قیلدی . چکتکولاردین قالغان
اوتیاش ساتماق توکول یکالی هم یتمادی. شو کونلارده بك انکا کوك
کاغزغه پتولکان ینه بر خط بردی . انی اوقوب کوروب پل برادور
غان وقت یقین بولغان سببدین اندیشه‌کا توشتی. همسایه‌سیدین
اوتنه الیب برای ریسه انینك هم زراعتلارینی چکتکو یب‌دور و اوزی
کمبغل بولوب قالغان اوچون قرض سوراغالی بولمادی. ایمدی نمه
قیلیشینی بیلمای حیران بولوب تورغان وقتیدا اوینی اولداماق
لازم بولدی . تامنینك بعضی یرلارینی توشورکانده آرقه تامدین بر
توشوك چیقتی. قایلاسه توشوکنینك ایچیده بر سفال قاچا تورا
دور. انی الیب آلدیراب نمه بار ایکان دیب توکوب باقسه اغزیدا
آرغنه لاتا اندین کین آنچه مونچه خط پتولکان بر کهنه کاغز
و انینك استیدا قراریب قالغان طلّاغه اوخشه بر پل چیقتی. انی
الیب سوروب ایدی آلتوندیك پارقیرادی تنکلیکدین باشی ایلانغان
کمبغل عبدالله مونینکغه تولا خوش بولوب ایمدی قچان سوراب
کلسه برورمن دیب قولیداکی اوتماس طلّاغه ایشاندی. هیچ
نرسه‌دین پروایی یوق بولدی. کشیدین پل هم اوتنه المای بولك یول
بیلان هم پل راستلامای تماکوسینی تارتیب تنچ یاتّی. بر کون
بك کلدی بو بك انینك دوستی بولغان اوچون حال احوال سوردی
قزل کاغزنینك چیقادورغان وقتی هم یقین ایدی. بردم کیلاشیب
اولتورغاندین کین عبدالله طلّا تاپیب آلغانینی ایتیب منا ایمدی
آرام الیب تنچ اوخلایمن دیدی. بك مونی انکلاب طلّانی الیب
کل من کورای دیدی. الیب کلکانده بك طلّانی تاشقه اوروب
باقیب قولیغه الیب سینجیلاب قایلاب ای دوستوم بو طلّا جیرینکلا
مایدور ایکان دیدی. عبداللهنینك اچیغی کلدی. بو منکا دارامدین

قالغان ايماسمو نمه ايشقه سن يخشی ايماس ديرسن ديدی. بك ينه قوليغه اليب اوبدان قايلاب ايتّی طلّانينك ايچيده يخشيسی هم باريمانی هم بارسن خرجلاكاندا كشی آلماس ديدی. عبداللّه‌نينك اچيغی تخی زياره بولدی. سن نمه ايشقه دارالاريمغه دشنام قيلورسن اويلاب باق دارالاريم يخشی بيلان يمانی بيلماسمو ديدی. بك يومشاق سوز برله ايتّی ای آكا دارالارينك‌نينك ايشينی من بيلمايمن ليكن بر ايشنی بيلامن كه بو طلّا جيرينكلامايدور هم اوتمايدور. من سنكا مونی ايتماسام سنينك يالغان دوستونك بولورمن. عبداللّه‌نينك اچيغی زياره بولغان اوچون سوز هم قيلمادی. اندين بك قوپوب خوشلاشيب كتّی.

عبداللّه‌نينك كونكليكا كمان توشتی و انديشه قيليب اول كيچه آراميدا اوخلايالمادی امّا جيرينكلامامدور ديب اوزی كوروب سيناب باقمادی. اول كونكليده دارالاريم نمه ايشقه اواره بولوب اوتمايدورغان نمه‌نی كوموب قويادور منينك هيچ قورقادورغان يريم يوق ديب خيال قيلور ايدی. بو خيال بيلان اوزيكا تسلّی بريب آرام تاپتی و اوّلقيديك هيچ نمه بيلان كاری بولمادی. بر كون‌نی قزل كاغز كلدی. مونی كوروب پُل برادورغان وقتنی يان قيليب قورقوب كتّی. ناچار طلّانی اليب هميانغه ساليب اورداغه باردی. نوبتی كلكانده قزل كاغزبيلان طلانی خزينه‌چی‌نينك قوليغه بردی. خزينه‌چی طلّانی قوليغه اليب بككا اوخشه اوروب چوروب كوروب تاشقه اوروب باقتی. اوازی يخشی چيقماغان اوچون قوليغه اليب صاندوقغه سالمای عبداللّه‌نينك اوزيكا ياندوروب بردی: ای برادر بو طلّا اوتمايدور بولكنی بركيل ديدی. بيچاره عبداللّه‌نينك قور قونجيدين رنكی رويی بوزولدی. مينك مشقّت بيلان مندا بولك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

طلّا یوق دیدی. خزینه‌چی جواب بریب ایتّی ای آدم اوزونك بیلورسن که بو پادشاه‌نینك حکمی دور انی توتماسانك سنی زندانغه سالادور. پادشاه التفات قیلیب اوچ کون مهلت بردی. پاریب راستلاب‌کل دیدی. عبداللّه ایتّی تقصیر اوچ کون‌نینك ایچیده تورت طلّانی نه یردین تاپامن بو قاذچه بولسه شونچه‌غه حسابلاب آلغیل صاف آلتون بولماسه هم اراسیدا راستی بار دور. خزینه‌چی جواب بریب ایتّی ایچیده ازراق صاف آلتون بارلیقی راست دور لیکن میس ارالاشقان دور. خالص بولمای ارالاش بولغان نرسه‌نی موندا المایدور. پادشاه‌نینك خزینه‌سیکا سالغالی صاف آلتون کیراك سنکا اوچ کون مهلت برکان دور باریب اوزونك جایلاب‌کل دیدی عبداللّه کتّی. بو توغرادا هیچ غم قیلمادی. عیبنی هم اوزیکا آلمادی اوچ کون هم توشیدیك اوتوب کتّی. اوچ کوندین کین میرشبلار زندانغه سالماق اوچون انی الغالی کلکانده هوشیغه کلیب یالغوز بر اغزکب قیلدی بو ایشلارنینك همه‌سی منکا اوزومدین بولدی نمه ایشقه من انی دقّت قیلیب کوروب تاشقه اوروب باقمادیم.

## قصّه‌دین حصّه

اللّه تعالی انسانني اوچ طریقه بیلان اوزیکا قچقیرادور. بیز قیامت کونی شك سز انینك الدیغه بارامیز. خدانینك برنچی قچقیرغانی ــ اوّل انصاف واسطه‌سی برله اوزیکا قچقیرادور یعنی خدا هر آدم‌نینك کونکلیده انصاف (وجُدان) دیکان بر نرسه خلق قیلیب دور. بو انصاف نفس بیلان شیطان‌نینك خلافیدا بولوب آدمنی خدا طرفیکا قچقیرادور. مثلاً سن بر یمان ایشنی قیلسانك سنینك

کونکلونکده بر نرسه نیه ایشقه بو یراماس ایشنی قیلدینک موندآغ ایش بولمایدور دیب ملامت قیلغاندیک بولوب کونکلونکنی بی‌آرام قیلادور اکر یخشی بر ایش قیلسانک ینه کونکلونکده بر نرسه بو یخشی دور بارك الله دیکاندیك بولوب کونکلونکغه خوشلوق کلتورادور. منا بو خدا طرفیکا باشلایدورغان انصاف دور. بو انصاف‌نینک قچقیریشی اق کاغزغه پتولوب کلکان خطکا اوخشایدور.

کین خدانینک امری پتولوب کلدی. اول تورات و انجیل دور. بو کتابلار تخی روشنراك قیلیب انسان اولکاندین کین تیریلماك نینک باراِیقینی و قیامت کونی حکم بولادورغانینی یخشی و یمان کشیلار هر قایسی اوز عمللاری‌نینک جزالارینی کورادورغانینی بیلدور ادور. بو کوك کاغزغه پتولوب کلکان خطکا اوخشایدور. ایمدی اخرقی قچقیریش قالدی. اول اولوم دور. قچان که اجل یقانکنی توتسه اول سنکا هیچ فرصت برمایدور و قاچقالی هم قویمایدور. بو قزل کاغزغه پتولوب کلکان خطکا اوخشایدور.

ای برادر فکر قیلغیل اوّلقی قچقیرغوچی کلدی انکا آذچه قولاق سالمادینک ایکنجیسی هم کلدی انی کوردونك اندیشه قیلدینك لیکن قولونکدا اتا بابالارینکدین قالغان بر طلّا بار. انکا ایشانور سن خیال قیلورسن که صاف آلتون دور هر یرکا بارسام و هر کیم کا برسام اوتادور. امّا اوزونك یخشی قایلاب تاشقه اوروب سیناب باقمایسن صاف آلتون مو بیلمایسن پارقیراغانیغه کول بولورسن. بیلکیل که هر بر پارقیرایدورغان نرسه آلتون ایماس. بو توغرادا سن ینه اتا بابالارینکغه اعتماد قیلورسن ایتورسن که اتا بابام نمه ایشقه اوتماس نمه‌نی ساقلاب دور. بو غلط بر فکر دور. سن اوزونك

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

یخشی کوروب جیرینکلاتیب باقغیل بولماسه کین عبداللّه‌دیك توتولغاندا اوزونکدین بولك کیشیکا ملامت قیلالماس سن .

عبادتلارینککا یعنی اوقوغان نمازلارینکغه توتقان روزه‌لارینکغه قیلغان خیرسخاوتلارینکغه قایلاغیل خالص خدا اوچون قیلدینك مو یا ریا اوچون مو. صاف کونکل بیلان خدا اوچون قیلغان بولسانك تارا طلّاغه اوخشه بولادور. اکر ریا اوچون خلق‌نینك الدیدا اوزونکنی دیندار و تقوای کورساتماك اوچون قیلغان بولسانك انکا غلدوغش ارالاشقان دور . بیلورسن که ارالاش طلّا مقبول ایماس دور.

قولونکغه تسبیح توتوب خدای تعالی‌نینك مقدّس اسملارینی اینتیب یاد قیلغاندا کونکلونککا دنیانینك فکری توشمادی مو نفسینککا ریاضت تارتدورماق و مونینك برله اوزونکنی خداغه یقین قیلماق اوچون روزه توتقاندا اغزینکدین حرام و نامشروع سوزلار چیقمادی مو. کشیکا ازار برمادینك مو کشیکا خیانت قیلمادینك مو عبادت نیتی بیلان هر بر قیلغان عمللارینککا دقّت قیلیب باقغیل خالص مو دور. شونداغ اعتقادینکنی هم تحقیقلاب قایلاغیل. شاید خدانینك عنایتی بیلان حقیقتکا واقف بولورسن. اتا بابالاریم مونداغ قیلغان ایکان دیب تقلید قیلیب عمرونکنی ضایع قیلیب فرصتنی اوتکازماکیل چونکه انسان‌نینك همه‌دین ضرور ایشی دین ایشی دور. بو توغرادا سهولتلیك قیلماق نهایت چونك نادانلیق دور. هر بریمیزکا اخرتی قیچقریشی یقین دور. سن خدای تعالی نینك الدیغه بارغاندا خالص بولماغان کناه بیلان ارالاش عبادتلار برله بارسانك وای سنینك حالینکغه چونکه پادشاه‌نینك خزینه‌سیکا صاف بولماغان طلّا قبول قیلینماغاندیك کناه ارالاش عبادتلار

قبول قیلینماس. اول وقت زیانکارلارنینک زیانکاری بولورسن. اندا پشیمان فایده برماس. پادشاه حقیقی‌نینک الدیدا شرمنده بولوب ابدی جهنمده قالورسن. زنهار ای برادر بو ایشلار اوچون فرصتنی اوتکارماکیل. عالمده فرصتدین قیمت نرسه یوق دور.

---

S.M.S. KASCHGAR

1913

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولیازمىلار ئامبىرى